# ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن يېڭى جۇڭگونى داۋاملىق ياخشى مۇستەھكەملەش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئارقىدىنلا، شى جىنپىڭ ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى لەيچىڭشۈەنگە پىيادە كېلىپ، يولداش جۇ دې، لىيۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي، رېن بىشىنىڭ ئىش بېجىرگەن، تۇرغان جايىغا ھۆرمەت بىلەن نەزەر سېلىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە پېشقەدەم بىر ئەۋلاد ئىنقىلابچىلارنىڭ ئەينى يىلىدىكى شياڭشەندىكى خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياد ئەتتى.

لەيچىڭشۈەندىن ئايرىلىپ، شى جىنپىڭ شياڭشەن تېغى ئېتىكىدىكى شياڭشەن ئىنقىلابىي خاتىرە سارىيىغا كېلىپ، «يېڭى جۇڭگو ئۈچۈن ئاساس سېلىش ــ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بېيجىڭ شياڭشەندە» باش تېمىلىق كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. يېڭىدىن سېلىنغان خاتىرە سارىيى ھەيۋەتلىك، كۆركەم بولۇپ، «ئاساسىي قۇرۇلما»لىق كەپە شەكلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شياڭشەندە يېڭى جۇڭگو ئۈچۈن ئاساسىي قۇرۇلما ئورناتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. 28 كارىدور تۈۋرۈكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە قۇرۇشتىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇشقىچە بولغان 28 يىللىق كۈرەش مۇساپىسىگە سىمۋول قىلىنغانىدى. جەنۇبىي مەيداندا ئېگىزلىكى 19.49 مېتىر كېلىدىغان دۆلەت بايرىقى خادىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1949 - يىلى دۇنياغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. باش تېمىلىق كۆرگەزمە «بېيجىڭغا كىرىپ ‹ئىمتىھان بېرىش›»، «شياڭشەنگە كىرىپ ئورۇنلىشىش»، «پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلىشقا داۋاملىق قوماندانلىق قىلىش»، «يېڭى جۇڭگو قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش»، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەڭگۈ كۈرەش قىلىش»تىن ئىبارەت بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تارىخ تومۇرىغا ئاساسەن، 800 پارچىدىن كۆپرەك سۈرەت، گېزىت سۈرىتى، خەرىتە، جەدۋەل ۋە 1200 پارچىدىن ئارتۇق ئەمەلىي بۇيۇم، ھۆججەت - ماتېرىيال ۋە ئارخىپ ئارقىلىق پۈتۈن كۆرۈنۈشلۈك شەكىلدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شياڭشەندىكى مەزگىلدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ۋە خەلقنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي بۇرچنى ئورۇنداپ، جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا يېڭى دەۋر ئاچقانلىقىدىن ئىبارەت شانلىق مۇساپىسى جانلىق نامايان قىلىنغان.

شى جىنپىڭ خاتىرە سارىيىغا كىرىپ، ھەربىر بۆلەكتىكى چۈشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. شۇ چاغدا قويۇلۇۋاتقان «بېيپىڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش»، «شيۆەن ئايرودرومىدىكى ھەربىي پارات»، «يېڭى جۇڭگو قۇرۇش مۇراسىمى» قاتارلىق قىممەتلىك سۈرەتلىك ھۆججەتلىك فىلىم شى جىنپىڭنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ قەدەمىنى توختىتىپ، كۆرۈپ، ئارىلاپ كۆپچىلىك بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئەينى يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بېيجىڭغا كىرىپ ئورۇنلىشىش تارىخىي تەپسىلاتىنى ئەسلىدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بېيجىڭ شياڭشەنگە كىرىپ ئورۇنلىشىش كۆرسەتمە خەرىتىسى ۋە ماۋ زېدۇڭ «خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى توغرىسىدا»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قاتارلىق مەخسۇس تېمىلىق كۆرگەزمە ئېشكاپى ئالدىدا، شى جىنپىڭ تونۇشتۇرۇشنى تەپسىلىي ئاڭلاپ، ئەينى يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش تارىخىدىن تولىمۇ ھاياجانلاندى.

ئېكسكۇرسىيە ئاخىرلاشقاندا، شى جىنپىڭ خاتىرە سارىيىنىڭ مۇقەددىمە زالىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 1949 - يىلى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭ شىبەيپودىن ئايرىلىپ بېيپىڭغا بارغان، 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بېيجىڭ شياڭشەنگە كىرىپ ئورۇنلاشقان، بۇ يەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۇرۇشلۇق جايغا ئايلانغان. بۇ يەردە، يولداش ماۋ زېدۇڭ، جۇ دې پۈتۈن مەملىكەتكە ھەربىي يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقى ئېلان قىلىپ، «چاڭجياڭدىن ئۆتۈپ ئۇرۇش قىلىپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلىش» ئۇلۇغ بۇرغىسىنى چالغان، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى چېرىندىلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشتەك قۇدرەتلىك كۈچ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا غەلىبە بىلەن چوڭ يۈرۈش قىلىپ، گومىنداڭنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تەلتۆكۈس ئاخىرلاشتۇرغان. بۇ يەردە يولداش ماۋ زېدۇڭ «خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى توغرىسىدا»نى ئېلان قىلىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشىغا نەزەرىيە ئاساسى ۋە سىياسەت ئاساسى سالغان. بۇ يەردە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، ھەر ساھە زاتلار بىلەن جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە ئورتاق تەييارلىق كۆرۈپ، ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن رولىنى ئوينايدىغان «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى»نى تۈزۈپ ماقۇللاپ، يېڭى جۇڭگونىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى بېكىتىپ، بىر قاتار ئاساسىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش، گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بېيجىڭ شياڭشەندە يېرىم يىللا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەر پارتىيەمىزنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتنى غەلىبىگە يۈزلەندۈرگەن، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن باش قوماندانلىق ئىشتابى، جۇڭگو ئىنقىلابى ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ يېزىلاردىن شەھەرلەرگە يۆتكەلگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: بىز بۇ تارىخنى ياد ئېتىشتە، پېشقەدەم بىر ئەۋلاد ئىنقىلابچىلارنىڭ «دۈشمەننى تەلتۆكۈس يوقىتىشتا داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىپ، ھەرگىزمۇ يېرىم يولدا توختاپ قالماسلىق»تەك ئىنقىلابنى ئاداققىچە داۋاملاشتۇرۇش روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، باتۇرلۇق بىلەن نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىق، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى قەتئىي يېڭىپ، «جۇڭگو ناملىق» بۇ غايەت زور پاراخوتنى داۋاملىق دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەتىشىمىز، يەلكەن چىقىرىپ يىراققا سەپەر قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بىز بۇ تارىخنى ياد ئېتىشتە، پېشقەدەم بىر ئەۋلاد ئىنقىلابچىلارنىڭ ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتەك ئىنقىلابىي ھېسسىياتىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر خەلقنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشىپ، باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، باشتىن - ئاخىر خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۈرەش نىشانى قىلىپ، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە ھەر ساھە زاتلارنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشنى ئورتاق بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بىز بۇ تارىخنى ياد ئېتىشتە، پېشقەدەم بىر ئەۋلاد ئىنقىلابچىلارنىڭ كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇش، مەغرۇرلۇق قىلماسلىق، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ئېسىل ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىشتەك ئىلگىرىلەش روھىنى ساقلاپ، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى مەڭگۈ ساقلاپ، «ئىمتىھان بېرىش»تەك سەگەكلىك ۋە قەتئىيلىك بىلەن يېڭى دەۋرنىڭ ئىمتىھان قەغىزىگە ياخشى جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو خەلقى بىر كونا دۇنيانى بۇزۇپ تاشلاشقا ماھىر بولۇپلا قالماي، يەنە بىر يېڭى دۇنيانى قۇرۇشقا ماھىر. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى چەكسىز گۈزەل.

دىڭ شۆشياڭ، چېن شى، سەي چى، يوۋ چۈەن، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتى، بېيجىڭ شەھىرىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار تەكشۈرۈشتە ھەمراھ بولدى.

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

### ئاپتونوم رايونىمىز مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇردى

## ئىزچىل ئىستىل توغرىلىنىپ، ئىنتىزام چىڭىتىلدى

**مەخسۇس تۈزەش**

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ سەككىز تىپىك مەسىلىنى ئاشكارىلىدى. مۇھىم بايراملاردا، تىپىك مەسىلىلەرنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ ئاشكارىلاش نورمال ھالەتكە ئايلاندى.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېمىلىق تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار، ئورۇنلار مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مەخسۇس تۈزەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، دەل جايىدا كۈچەپ، «تۆت خاھىش»نى بوشاشماي تۈزىتىپ، كادىرلار ئىستىلىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بەلگىلىمىگە خىلاپ يەپ - ئىچىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ سوۋغات، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىش، بېرىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى سەپلەپ ئىشلىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ سالماقىنى ئاشۇرۇپ ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

«بىز ‹تۆت خاھىش› مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى كەينىگە سۆرگەن يەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرىنى سۆھبەتكە چاقىرتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن تەكشۈرۈشنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ ئاشكارىلاش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇشى، مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ‹تۆت خاھىش›نىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقىنى تۈپتىن يوقاتتۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پارتىيە ئىستىلى - ھۆكۈمەت ئىستىلى نازارەتچىلىك ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى رېن گۈاڭپىڭ.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى نازارەت قىلىش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، چوڭ سانلىق مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈپ ھۆكۈم قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق مەسىلە يىپ ئۇچىنى بايقاپ، ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈردى. تەكشۈرۈش، تەربىيەلىنىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەت پۇلىغا ساياھەت قىلىش ياكى لىنىيەنى ئۆزگەرتىپ ھۆكۈمەت پۇلىغا ساياھەت قىلىش، تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا پاراۋانلىق ياكى قوشۇمچە پۇل، ياردەم تولۇقلىمىسى تارقىتىش قاتارلىق يوشۇرۇن، ئۆزگىرىشچان «تۆت خاھىش» مەسىلىلىرىگە قارىتا، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. بۇ يىل 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىدىن جەمئىي 774نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 839 ئادەمنى بىر تەرەپ قىلدى، 661 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بەردى.

«دىققەتنى ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان كادىرلار ئىستىلى مەسىلىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆپ تەرەپتىن تۇتۇش، چوڭقۇر قېزىپ قاتتىق تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇردۇق، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ يېڭى يۈزلىنىش، يېڭى ئىپادىلەرگە، ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ ‹تۆت خاھىش› پەيدا قىلىش مەسىلىلىرىگە قارىتا، بىز ھوشنى تاپقۇزۇش، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، كادىرلار ئىستىلىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ياخشىلىنىشىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولدۇق» دېدى رېن گۈاڭپىڭ.

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى مەبلەغنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئادا قىلدى ھەم داڭلىق تور بېكەتلىرىدە ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن كاماندىروپكىغا چىقىش، يىغىن، تەربىيەلىنىشكە بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى 31 تۈرلۈك ئالاقىدار خىزمەت تەلىپىنى ھەم ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن ئايروپىلان بېلىتى سېتىۋېلىشتىكى توققۇز سەلبىي تىزىملىكنى ئېلان قىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن كاماندىروپكىغا، ساياھەتكە چىقىش جەھەتتىكى تۈزۈم، بەلگىلىمىلەرنى تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشى ئۈچۈن چىقىم قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇشنى يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ خىراجىتى»نى زور كۈچ بىلەن تىزگىنلىدى ۋە كېمەيتتى، 2019 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك ئورۇنلىرىنىڭ «ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ خىراجىتى» خامچوت لايىھەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 21.97% ئازايدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھۆججەت ۋە يىغىنلارنى زور كۈچ بىلەن ئىخچاملىدى، قىسقارتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى يىغىن - پائالىيەت باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ۋۇ جېڭشى مۇنداق دېدى: «يىغىن - پائالىيەت پىلانى، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ئۆلچەم، كۆلەم، ئەمەلىي ئۈنۈم، يىغىن ئىنتىزامى - يىغىن كەيپىياتىدىن ئىبارەت ئالتە ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلەش ئارقىلىق يىغىن - پائالىيەتلەرنىڭ سانى، كۆلىمى قاتارلىقلار قاتتىق كونترول قىلىنىپ، قەتئىي تۈردە ئاز يىغىن ئېچىش، قىسقا يىغىن ئېچىش، ئەسقاتىدىغان يىغىن ئېچىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى».

## ئاپتونوم رايوننىڭ كۈز پەسىللىك ئېغىر ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ كۈز پەسىللىك ئېغىر ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر، دەل ياز بىلەن كۈز ئالمىشىش پەيتى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئېغىر ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. جەڭگە پائال تەييارلىق كۆرۈپ، ۋاكسىنا ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىش تەييارلىق خىزمىتىنى بالدۇر ياخشى ئىشلەپ، ئېغىر ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىرىگە بولغان كۈز پەسىللىك مەركەزلەشتۈرۈپ مەجبۇرىي ئىممۇنتېتلاش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇش؛ بىرۇتسېللىيوز كېسىلى، قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى ۋە ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى قىلىپ، ئىممۇنېتلاش ۋە كارانتىن قىلىش - تازىلاش قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ھەقىقىي ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇملۇق كېسەللەرنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش، ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش؛ ئىشلەپچىقىرىلغان جايىدا كارانتىن قىلىش ۋە سويۇشتا كارانتىن قىلىشنى قاتتىق ئۆلچەملىك قانات يايدۇرۇپ، تىرىك چارۋا ماللارنى يۆتكەش - توشۇش ۋە ئوبوروت قىلىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش؛ گۆش، سۈت، قۇش - تۇخۇم قاتارلىق چارۋا - قۇش مەھسۇلاتلىرى ۋە مال دوختۇرلۇق دورىلىرى، يەم - خەشەك قاتارلىق چارۋىچىلىق سېلىنما مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار خىزمەتكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاممىۋى پىكىر ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، مەسىلە يىپ ئۇچىنى كەڭ كۆلەمدە يىغىپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، تەكشۈرۈپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، كەڭ ئاممىنىڭ «يېمەكلىك بىخەتەرلىكى»گە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

## شەرقىي جۇڭغار رايونىدىكى كۆمۈر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا بىۋاسىتە تەمىنلىنىدۇ - بىۋاسىتە سېتىلىدۇ

مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئاپتونوم رايون شەرقىي جۇڭغار رايونىدىكى كۆمۈرنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا بىۋاسىتە تەمىنلەش - بىۋاسىتە سېتىش خىزمىتى 2 - قېتىملىق ئورۇنلاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا كۆمۈر ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭدىن يۆتكەپ كېلىپ تەمىنلىنىدىغان بولۇپ، ئارىلىقتىكى ھالقا كۆپ، توشۇش ئارىلىقى يىراق ئىدى، كۆپ يىللاردىن بۇيان كۆمۈر باھاسى يۇقىرى بولۇپ تۆۋەنلىمەي، ئىسسىنىش پەسلىدە ھەتتا ھەر توننىسى 1000 يۈەنگە يەتكەن. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈرنىڭ قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدىكى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىلىدىغان مۇھىم مەسىلە قىلىپ تۇتۇپ، شەرقىي جۇڭغار رايونىدىكى كۆمۈرنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا بىۋاسىتە تەمىنلەش - بىۋاسىتە سېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىنخۇا شىنجاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، تيەنچى ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مارالبېشى ناھىيەسى، قەشقەر شەھىرى، قاغىلىق ناھىيەسى، خوتەن شەھىرى قاتارلىق جايلاردا ئايرىم بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسى تەسىس قىلدى، ۋۇيسكا ئېبىسىپ سېتىش باھاسى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا ھەر توننىسى 400 يۈەن، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ھەر توننىسى 460 يۈەن بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاست مەركەزلىك سېتىۋېلىش، توشۇش، سېتىشنى تەشكىللىدى، يېزىلاردىكى كۆپ قىسىم ئىستېمالچىلارنىڭ كۆمۈر ئىشلىتىش باھاسى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن ھەر توننىسى 200 يۈەندىن 300 يۈەنگىچە تۆۋەنلىدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىسسىنىش پەسلىگە كىرىشكە ئىككى ئايمۇ قالمىدى، ھەرقايسى ئالاقىدار ۋىلايەت، تارماق ۋە كارخانىلار خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كاللەك كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنى زورايتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، يېتەرلىك مىقداردا تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تۆمۈريولدا توشۇش كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تەڭشەش ۋە تاشيولدا توشۇشنى تەشكىللەشنى كۈچەيتىشى كېرەك؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىزمەت لايىھەسى ۋە تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، يېزا - بازار، كەنت ئاھالە كومىتېتى، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆمۈر سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالاشنى تېزلىتىپ، تېرمىنالدىن ئىستېمالچىلارغىچە بولغان كۆمۈر باھاسىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي نەپتىن بەھرىلەندۈرۈشى كېرەك.